# ۋەتەندىكى بىر قىسىم تور بەتلىرىدىكى "قوش تىللىق مائارىپ "(1) دېگەن يازمىغا قارىتا چۈشكەن ئىنكاسلار

[1]

قوش تىللىق ئوقۇتۇش بالىلارنىڭ تەبىئىي پەندە ئالغا ئىلگىرلىشىگە ناھايىتى ئەغىر توسالغۇ بولىدىكەن. مەن ئوتكەندە شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ قوش تىللىق سىنىپىدىكى سىڭلىمنىڭ ـئاتائانىلار يىغىنىغا قاتناشقىلى بېرىپ، سىنىپىدىكى 54 نەپەر بالىنىڭ چارەكلىك ئىمتىھاندىن چىقىرىلغان يەككە پەنلەر نەتىجىسىنى كورۇپ، بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم. چۈنكى، بالىلارنىڭ ئومۇمىي پەن نەتىجىسى يۇقۇرىدەك قىلسىمۇ، ئەمما تەبىئىي پەن نەتىجىسى بەكلا توۋەن، خەمىيەدىن ئاران 7 بالا ئوتۇپتۇ. ئەڭ يۇقۇرىسىنىڭ نەتىجىسىمۇ 80 دىن يۇقۇرى ئەمەس.

------------------------------------------------------------------------------------------------

[2]

تولۇق ئوتتۇرىدىكى سىنىپ مەسئۇلۇم كىچىك ئوغلىنى مەجبۇرى خەنزۇ مەكتەپكە بەردى. بالىسى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ سوزىنى چۈشەنمەي، "بىر سوڭلۇق رەسىمڭلارنى چاپلاپ "كەلىڭلار دىسە، "مۇئەللىم رەسىم سىزىپ كەلىڭلار "دىدى، دەپ كەلگەن. ئوقۇتقۇچۇم ئەتىسى بالىسىنىڭ ئەسلى تاپشۇرۇقنى خاتا چۈشىنىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، بالىسىنى ئەيىپلەپ كەتىپتىكەن، :ئوغلى "ئەگەر سەن مەنى خەنزۇ قىلىپ تۇغۇپ قويغان بولساڭ، ھەممىنى "بىلەتتىم! دەپ يىغلاپ كەتىپتۇ. ئوقۇتقۇچۇمنىڭ بالىسىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى شۇ كۈنىلا ئۇيغۇرچە مەكتەپكە يوتكىۋەتتى.

------------------------------------------------------------------------------------------------

[3]

قوش تىل مائارىپىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىشى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ يامان كۈنگە قويىۋاتىدۇ.ئانام ئەسلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىدى.مەكتىپىدە قوش تىل ما ئارىپى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ،خەنزۇتىلى دەرىس ئوقۇتقۇچىلىرىدىن باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى تازىلىق ئىشچىسى ئورنىدا ئىشلىتىۋاتىدۇ. كۈندە قوش تىل مائارىپىغا " تۆھپە "قوشىۋاتقان خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ ئىشخانىسىنى تازلايدۇ،كۆمۈر توشۇيدۇ ،كېچىلىرى ئۆيگە قايتماي پوستا تۇرۇپ، "مەكتەپنى مىللى "بۆلگۈنچىلەرنىڭ ""ھۇجۇمىدىن ....قوغدايدۇ.قىشنىڭ سوغوق كۈنلىرىدە ،ئون نەچچە كىلومېتىر

يىراقلىقتىكى ئەمگەك رايونلىرىغا بېرىپ ئېغىر ئىشلارنى ..قىلىدۇ.بۇ ئىشلارئانامغا بەك ئېغىر كەلدى.باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا :بىز مائارىپ ئىدارىسىغا كىرىپ پىكرىمىزنى ئېيتىپ باقايلى ،دەپ مەسلىھەت بەرسە .بىزنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىدۇ دەپ قورقۇپ ،ھېچقايسىسى بارغىلى ئۇنىمىدى ،جەنۇبى شىنجاڭدا بۇنداق ئىشلار بەك كۆپ ،ئۆزىنىڭ يوللۇق گېپىنى قىلىشتىنمۇ قورقىدۇ،بۇنداق ھەممە كىشىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ناچار سىياسەتلەرگىمۇ چىداپ تۇرىۋېرىدۇ.ئۆزىمىزنىڭ قورقۇنچاقلىقى ، ساددىلىقى ....تۈپەيلىدىن ،كىلىش مەنبەسىنى بىلگىلى بولمايدىغان تۇرلۈك سىياسەتلەرنىڭ قۇربانى بۇلۇپ !!كىتىۋاتىمىز!

------------------------------------------------------------------------------------------------

[4]

مەنى بىر كۈنى بالام ئوقۇيدىغان ئىككىنچى يىللىق سىنىپتىن ئاتائانىلار يىغىنىغا چاقىرتىپتۇ. بارسام سىنىپ مۇدىرى سوز باشلاپ، "سىلەرنى چاقىرتىشتىكى ئاساسىي مەقسەت بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى باللار خەنزۇچىنى پەقەت ئۆگىنەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاتائانىلار يىغىنى ئەچىشنى قارار "قىلدۇق دىدى. -ئاتائانىلار بىر مۇنچە -تالاشتارتىش پىكىرلەرنى بەرگەندىن كەيىن، ئارىمىزدىن بىرسى قوپۇپ، "خەنزۇ تىل تىل ئوقۇتقۇچى ئۇيغۇرمۇ يا "خەنزۇمۇ؟ دەپ سورىدى. سىنىپ مۇدىرى ""خەنزۇ دەدى. ھەلقى كىشى "ئۇنداقتا ئۇ ئۇيغۇرچىنى ياخشى "بىلەمدۇ؟ دەپ سورىدى. سىنىپ مۇدىرى خانىم "ياق. ئۇيغۇرچىنى پەقەت "بىلمەيدۇ دەدى. ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچى ئۇيغۇرچىنى بىلمىسە خەنزۇچىنى تەرجىمە قىلىپ چۈشەن دۈرمىسە قانداق ئۆگۈتىدۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ قانداق ئۆگىنىدۇ ئوقۇتقۇچىمۇ بىرگاچا ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر گاچا ئىككى گاچا بىربىرىگە شەرەت قىلسا خەنزۇچىنى قانداق ئۆگىنىدۇ دىدى شۇنىڭ بىلەن ئاتا ئانىلار ئىچىدە غۇلغۇلا گەپ باشلاندى ئەڭ ئاخىردا ئاتائانىلارنىڭ تەلەپ پىكرى ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقى تىل ئۆگۈتەر بولسا خەنزۇچىنىمۇ ئۇيغۇرچىنىمۇ ياخشى بىلىدىغان قوشتىللىق ئوقۇتقۇچى بەلگۈلەپ بىرىشنى مەكتەپ رەھبەرلىرىگەتەلەپ قويىدى كىيىن ئۇقساق بۇ خەنزۇتىل ئوقۇتقۇچىنى يىڭىدىن ئىچكىرىدىن يوتكەپ ئەكەلگەن ئوقۇتقۇچىكەن شۇڭا ئۇيغۇرچىنى پەقەت بىلمەيدىكەن ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇچە سوزلەۋىرىپتۇ شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ھىچنىمىنى بىلەلمەپتۇ.

--------------------------------------------------------------------------------

[5]

ئەسلى بۇرۇن ياخشى ئىدى.باشلانغۇچ -3 يىللىقا چىققاندا ئۆگۈتىلەتتى.ھازىر بىر قىسىم رەھبەرلەر مىلۇنلىغان سەبى باللارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئۆزىنىڭ ئوسۇشتىكى پەشتىقى قىلىۋالدى.ئەركىن سىدىق ئەپەندى دىگەندەك ئالدى بىلەن تەتقىق قىلىپ بېقىش كىرەك ئىدى.پەقەت ئىككى ئۈچ يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ،خەنزۇ سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر باللارنىڭ خەنزۇچىنى چۈشۈلداپ سوزلىگىنىگە قاراپلا يولغا قويىۋەتتى. بىزگە قانچىلىك زىيىنى بولىدىغانلىغىنى پەقەت 20يىلدىن كېيىن خەنزۇچە سوزلىيەلەيدىغان نۇرغۇنلىغان قارا ئىشلەمچىلەر مەيدانغا كەلگەندە ئاندىن بىلىپ يىتىمىز.

--------------------------------------------------------------------------------

[6]

بىزنىڭ مەكتەپتە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى،، بىز زامانلاردە ھەدەپ تەشۋىق قىلغان ئىدۇق ئۇقۇتقۇچىلارنىمۇ ئۇقۇتۇپ كېلىپ دېگەندەك ، شۇ ئۇقۇتقۇچىلار ھازىر مائارىپتىن چىقىپ كېتىپ باشقا ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، لېكىن باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئاساسەن -ئاتا ئانىلار باللىرىنى خەنزۇ مەكتەپكىلا بېرىۋاتىدۇ، قوش تىللىق ئۇقۇتۇشى باشلانغۇچتا بولمىسا ئۇمۇملىشىپ ماڭغان، ئەمما -ئاتا ئانىلار ئىلگىرلەش بولمايدىكەن ياكى ئۇنى ياكى بۇنى بىلىپ ماڭمايدىكەن ، ئۇنىڭدىن خەنزۇچىغىلا بەرسەك بولغۇدەك دەپ، باللىرىنى قايتىدىن چىقىرىۋېلىپ خەنزۇ سىنىپلارغا بېرىۋاتىدۇ، ناھىيىمىزنىڭ مىللى ئۇقۇتۇشى يەنە بىر نەچچە يىلدىن كىيىن قانداقراق بۇلاركىن ئەمدى؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟

--------------------------------------------------------------------------------

[7]

ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ بۇ تىمىسى ناھايىتى ياخشى تىما بوپتۇ .راست ، ھازىرقى بىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرى ئۆز ئانا تىلىمىزنى قوغداش بۇلۇپ قالدى . دىمىسىمۇ ھازىر ئاپتۇنۇم رايۇنىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا خەنزۇلىشىش

مائارىپىي يولغا قۇيۇلۋاتىدۇ ،مىنىڭمۇ بەنزۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى . ئۇ يېڭى كەلگەن ۋاقتىدا ھەتتا
ئۇيغۇرچە سۆزلەشنىمۇ ئۇقمايدىكەندۇق . بىز ئاستا ئاستا ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى ئۆگەتكەن .بۇنداق ئىشلار يەنە
تۆلا . 21\?FQrz

---

[8]
تىلنىڭ مىللەتنىڭ يۇقلىشى دۇنيادا رئال مەسىلە دۆلتىمىزدىكى مىللەت ۋە تىلنىڭ يۇقلىشى ئىنىق ئىپادىلەنگەن
مىللەت مانجۇ خىرىسقا ئۇچراۋاتقان مىللەت بىز ،ھەممىز بۇلمىز ئانىنىڭ بالا تەربىيلەشتە ئاساسلىق ئۇرۇندا تۇرىدىغىنىنى
لىكىن ئانىمۇ بالىنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۇنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقۇرى بۇلشىنى ئويلايدۇ ،بۇلۇپمۇ ھازىرقى
ۋەزىيەتتە قانداق قىلغاندا شۇنداق ياخشى تۇرمۇشقا يۇقىرى ئۇرۇنغا ئىگە بولغىلى بۇلىدۇ بەلكىم ھەممىز بىلىمنى
ياخشى ئىگەنلىگەندە دىيىشىڭلار مومكىن ،بىلىمنى قانداق قىلغاندا قايىسى تىلنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقنى
ئىسپاتلىغىلى ۋە جەمىيەتتە مەلۇم ئۇرۇننى ئىگەللىگىنى بۇلىدۇ ،كۆزۈمىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ دىيەلەيمىز ھەم دىگۈزىدۇ
خەنزۇ تىلنى بۇلگەندە ئاندىن ئاتا ـئانىنىڭ كۈتكەن ئۈمۈدى ئەمەلگە ئاشىدۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ئانىمۇ ئىككىلەنمەي
شۇ تىلدا ياخشى ئۇقۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ،ئائىلە تەربىيسى ئارقىلىق تىلىمىزنى ساقلايمىز دىسەك بۇ مومكىن
بولمايدىغان بىر ئىش،پەقەت ئائىلە تەربىيسى ئارقىلىق ياخشىلىغىلى بۇلىدىغان بولسا بىز بۇنداق كۈنگە قالمايتۇق دىسەم
گەپ جىق خاتالىشىپ قالماي

---

[9]
ناھايتى ياخشى تېما ئىكەن.ھازىر بىزنىڭ ئارىمىزدا ـئاتائانىلارنىڭ خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇتۇش قىزغىنلىقى ئىنتايىن
يۇقىرى ھەتتا ئەتىگىنى خۇدايىمغا ئامانەت ،دىيىشىنىڭ ئورنىغا زەيجيەن،بەي بەي دىيىشىدىغان بوپ
كەتتى.مەكتەپلەر ھە دىسە شۇ تەرەپكىلا ~~بۇرايدۇ........

---

[10]
مۇشۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇندىن قارساقمۇ رايونىمىزدا ھازىر يولغا قۇيلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق
مەقسىدىنىڭ قوش تىللىق، پايدىلىق مائارىپمۇ ياكى خوش تىللىقمۇ پىكرى ئۈچۈق كىشلەر ھىس قىپ ....يەتتى.
مىللى ئۆزلۈك تەرەققىياتىغا ھەققى كوڭۇل بولىدىغانلار كوپ سالماقىنى ئىگلگەن بولسا ...ئىدى،ئىشلار.
كوپلىگەن قىرنداشلار ئۆزلىرنىڭ تورمۇش ھەلەكچىلىكىدىلا ،ياخشىلار تىخمۇ ياخشى بۇلشىنىڭلا كويىدا،تىلىمىزنى
قانداق قوغداش 'ئۆزلىكىمىزنى قوغداش دىگەنلەر ئويلاش بىر ئوشۇقچە ئىشتەك ھالەتتىكە كەلدى،بىراق بىزمۇ شۇنلا
ئويلاشقىلا كوندۇرولگەندەك قىلىمىز،
بەلكىم بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ـمەدەنيەتئەنئەنىسنى،تارىخنى چولتا ياكى باشقىچە بىلىشتىن كىلىپ چىققان مىللى
ئۆزلۈك ۋە غورۇر ئىگى سۇسلاشقان مانقۇروتلۇقنىڭ ئالامىتى ياكى نەتىجسى بولسا ....كىرەك.
ئاغىرنغان بىلەنلا بۇلمايدۇ ئەلۋەتتە،چوقۇم تىللىمىزنى،ئۆزلىكىمىزنى قوغداشنى ئۆزىمىزدىن باشلاش ~!~!.زورور.
كۇڭلۇم شۇنداق بىر قىسما ~~~بۇلىۋتىدۇ.ئاللا مىللىتىمىزنى ،ئۆزلىكىمىزنى ،تىلىمىزنى ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن

ئەركن سدىق ئاكننڭ بىز ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك تىملارنى يوللاپ تۇرغىنىغا كوپ ~!....تەشەككۇر.

-----------------------------------------------------------------------------------------------

[11]

ئائىلە تەربىيىسى ئەلۋەتتە ئادەمنى قانداق قىلىشتا رولى چوڭ ....بولىدۇ.بىراق يۇقارقى ئارزۇ نىڭ پىكىرنىڭ تىللنى قوغداش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش بىلەن بىۋاستە ماھىتەتلىك باغلىنىشنى چوڭ .....ئەمەس.ئەگەر شۇ ئائىلە تەربىيەسىگە مىللى ئۆزلۈك غورۇرنى ،ئۆز مىللىتىنىڭ ھەققى تارىخ مەدەنيەت تەربىيىسىنى بىركتۈرۈلسە ئۈنۈمى تىخمۇ ياخشى بولىدۇ ....دەپ قوشۇلغان بولسا باغلىنىشنى كۆرۈش مومكىن ..ئىدى.بىراق مۇنداق ئائىلە تەربىيەدىكى ئائىلەر قانچىلىك ............قىسقىسى مىللى ئاڭ بولمىغان مىللەتكە قالغىنى قورۇق سۆز بوپ قالىدۇ

ھىلى ھەممۇ ئۆز تىلىمىزنىڭ ئىشلىتىش دائىرسى ۋە قىممىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ تۆۋەنلەپ ...كەتتى.
ئەسلىدە بۇ دەسلىپىدىلا كەڭ دائىردە ئىنكار قىلىنغان بولسا ئۈنۈمى بولاتتى، ئەمدى بۇ مائارىپنى باشلاپ ئەمەللەشتۈرۈپ .........بولدى.كىينكىلەر قانداقمۇ بوپ .....كىتەر.بالىلارغا ئاپا دەپ تىل چىقماي ماما دەپ تىل چىقىردىغان ھالەتكە كەپ ...............قالارمىزمۇ.ئۇلارنىڭ ئومۇدىغۇ .......شۇ.
كىشى قايىسى يولغا باشلىسا شۇنىڭغا ماڭىدىغان ھالەتكە باشچىلاپ چۈككەندەك ....قىلىمىز.

شۇنىڭغا كۆچ چىقارغان «»توھپىكارلار ئوسكىنى بىلەن،مىللەتكە زادى قانچىلىك پايدىسى تىگەر دىگەننى،كەلگۈسىدە قانداق بولار دىگەننى ئويلارمۇ ...بولار.
ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پايدىسى زور ....دەيدۇ.ھازىر شۇنداق ياخشى نەتىجلەر بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرمۇ ياخشى مۇقىم خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزىمىزگە كەملىگىدىن، ئۇ بۇ شىركەتلەردە ئازغىنە مۇئاشقا ئىشلەپ ....يۈرمەمدۇ.
ئاپتونومىيە قانۇنىدا »ئاپتونومىيە رايونلىرىدىكى ئورگانلارغا ئاشۇ رايوننىڭ ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەتلەر ئاساسلىق باشقا مىللەتلەر قوشۇمچە ئىلىنىشى ......«كىرەك.دىيلگەن.
بىراق ....ھازىرچۇ.؟؟؟؟؟ ئەپسۇس مىڭ ..ئەپسۇس. رايونىمىزدىكى مەمۇرلۇق ئىنتىھامدىمۇ مىللەت چەكلىمسى بولغانلىقتىن بىر ئورۇننى نەچچە مىڭ ئۇيغۇرلار تالشۋاتىدۇ،ئۇلارنىڭ بولسا خىلى كۆپ ئورۇنلىرى تاللانماي بوش ....قالغان.
بىزنىڭ )يىمەكلىك ئىلمى ۋە قۇرۇلشى (كەسپىنى ئىلىپ ئىيتساقمۇ ئۇدا نەچچە يىل بولدى ئاز سانلىق مىللەتتىن ئادەم ئالمىغلى ئالسىمۇ ئىنتايىن ئاز ........نىسبەتتە،شەكىلگىلا.
بايلىق ئەۋزەللىكى ئىقتسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پورسىتىنى كۆپەيتىش كىرەك .....دىگەندەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەدىلەر بىرلگەن 'قانۇنلار تۈزۈلگەن ھەم )تۈزۈلۋاتىدۇمۇشۇنداق مائارىپقا (ئوخشاش مۇشۇنداق ئەھۋالدا تورسا بۇ ماپارىپ بىزگە يەنە قانچىلىك نەپ ئىپ ~كىلەر؟!

شۇنداق ئىچىنىمەن ئۆزىمىزدىكى تۈز كۆر ،مانقۇرۇتلۇققا
ئاللا مىللىتىمىزگە ئاسايشلىق ~!..بەرگەيسەن.

-----------------------------------------------------------------------------------------------

[12]

مەن مانا ئىچكىردە ئوقۇۋاتقىنىمغا تۆت يىل بولاي ....دىدى.قوش تىلنىڭ زىيىننى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى قىزغىن سۆيىدىغان مەندەك بىر قېرىندىشىڭلارمۇ ھېس ...قىلدى.تۇلۇق ئوتتوردا ئۇيغۇرتىلىدا ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ھازىر بەزى گەپ سۆزلىرىمنى ئۇيغۇرچىدا تاپالماي قىينىلىپ خەنزۇچىلا دەۋىتىمەن،، ....مەن چېغىمدا تىل بايلىقىمنى خۇرۇتۇپ ...قويدۇم.ئەگەر ئاشۇ باللار ئۇيغۇرچىنى تۈزۈك بىلمەي ،كىيىن گاچىدەك سۆزلەپ يۇرسە بۇنىڭ ئامالىنى كىم \قىلىدۇ تۆۋەندىكىسى مەن ئۇچرىغان بىر قىسىم :ئەھۋاللار \ئۇ ،كىخ =ۋ

تۇلۇق ئوتتۇردىكى سىنىپ مەسئۇلۇم كىچىك ئوغلىنى مەجبۇريي خەنزۇ مەكتەپكە بەردى،بالىسى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي ،بىر سۇڭلۇق رەسىمىڭلارنى چاپلاپ كېلىڭلار دىسە،مالىم رەسىم سىزىپ كېلىڭلار دىدى دەپ ..كەلگەن.ئوقۇتقۇچۇم ئەتىسى ئەسلى تاپشۇرۇقنى بالىسىنىڭ خاتا چۈشىنىپ كەلەئەنلىكىنى بىلىپ بالىسىنى ئەيىپلەپ كېتىپتىكەن،،،ئوغلى نىمە دەپتۇ دەڭلار ": ئەگەر سەن مېنى خەنزۇ قىلىپ تۇغۇپ قويغان بولساڭ ،ھەممىنى "بىلەتتىمدەپ يىغلاپ كېتىپتىكەن،ئوقۇتقۇچۇم بالىسىغا ئىچى ئاغرىپ شۇ كۈنلا ئۇيغۇرچە مەكتەپكە ...يۆتكىۋەتتى.ئە .."ئوقۇيمىزدىدى.ھەيران بولۇپ تاپشۇرۇقنى ئېچىپ قارىسىم خەنزۇ

ـ1مەكتەپباشلانغۇچىيللىق ئوقۇغۇچىللىرى ئۇچۇن تۈزۈلگەن ماتىماتىكا تەتىل تاپشۇرقى "..ئىكەن.ۋوي،نىمىشقا ئۇيغۇرچىنى بەرمىدى ؟ بۇ خەنزۇچىنى بىلمەمسىلەر "؟دىسەم "،شۇ،مۇئەللىم تارقىتىپ بەرگەن ،تەتىل توشقاندا يىغاتتى،، 9~تم خ >فق

..........تەتىل توشقاندا يىغاتتى تاپشۇرقىمىزنى ،شۇڭا بەزى يەرلىرىنى قالايمىقان ئىشلەپ قويدۇم،توغرا بولمىسىمۇ مەيلى "ئەمدى، شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى،بىلمەيمەن ئەمەس ،بۇ ئۇكىلىرىم سىنىپتىكى ئۆگىنىشى ئەڭ ياخشى باللار ئىدى،ئەمدى تەتىل تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمىسە؟؟؟؟شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۇرۇپ قويسام،ھەممىسى ـبەسبەستە چۇڭڭۇلداپ بىردەمدىلا ئىشلەپ ..بولۇشتى.ئىچىم شۇنداق ئاچچىق بولۇپ قالدى،ئەمدى تېخى پىنيىندىن ساۋادىنى چىقارغان باللارغا تەلەپلىرى خەنزۇچە تاپشۇرۇقلارنى بېرىپ نىمە "قىلماقچىكىنە؟چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەيلى "دىمەيۋاتقاندۇ؟؟؟ —ل %'ۋ؟خ

تۇلۇق ئوتتۇرا مەزگىلىمدە،دەرس تەكرارلاش ئۇچۇن مەكتەپ ھويلىسىدا يۇرسەم، كورلا شەھەرلىك ـ8باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كىچىك دوستلىرىم مۇ ئۇ يەردە ئاتلانغۇچ سەكرەپ ئويناۋىتىپتۇ،دىققىتىم ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا :چۈشتى ـ؛مىيكپى

" تىز بولۇڭلار،نادىرە،نى بىيې تەي گو فېن "...ئا.بۇ نىمە گەپ؟؟؟دىققەت قىلسام ئۇلارنىڭ ئون گېپىنىڭ سەككىزى خەنزۇچە .......ئىدى. #ف #9تمسن

......................... ~"ۋ كۇۋ دۇ

ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان نەۋرە ئاچام چوڭ ئوغلىنى ئېلىپ يۇرتقا كەلدى،،،بالا تۆت ياشقا كىرىپ قالسىمۇ تۈزۈك گەپ قىلىشنى ..بىلمەيتتى.بالىغا قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقاشۇ يەردىكى باغچىغابەردى. بالا ئاپا دىيەلمەي "ما ما "دىيىشنى ،ئۇكا "دىيەلمەي دى دى """"دىيىشنى،خوشدىيەلمەي """زەيجىيەندىيىشنى ...ئۆگىنىۋالدى.

]/–&جئەبمي

ئاچامغا بالاڭنىڭ تىلى خەنزۇچە چىقىپتۇ ھە دىسەم ،ھەدەم ": بىز ئۇنىڭغا باللار تىلى ئۆگەتمىگەن شۇ ..."دەيدۇ.

[]زق "5رخ
ھە؟؟؟؟؟ئەسلدە ئۇكامغا كچك ۋاقتدىن باشلاپلا گەپ سۆزلەرنى چوڭلاردەك دېيشنى تەلەپ قلىپ
..كەپتكەن.توۋا ھەممىز """""""دەددە،ھۇممە،نەننەدەپ """"""""دادا،سۇ،ناندگەننى ئىپادلەپ چوڭ بولمدۇقمۇ؟؟
ك 0|>}رسپك
ئۇكامنىڭ بەزىدە ھويلىدىكى ئوينغلى كرگەن يېزىدىكى باللارغا گېپىنى ئۇقتۇرالماي يەرنى تېپىپ يىغلاپ
كېتشلرىگە قاراپ ئىچىم شۇنداق ئاچچىق بولۇپ ...قالدى. _لخج \ۋيو
بولمىسغۇ ئاچام ـئەرئاپال ھەرئككىلىسى ئوقۇتقۇچى،ئاچچقىم كېلىپ ":تاغامغا ھېلىمۇ ئوقۇتقۇچى بولۇپ
قاپتكەن،بولمىسىا باللىسنى قانداق تەربىيلەيدىكنە،،،ھە بوپتۇ .ھەدەم ئۇسسۇلنى ياخشى ئوينىسۇن،ئاكام توپنى بەكرەك
تەپسۇن،،،شۇنداقلارنىڭ باللىرى مۇشۇنداق يارامىلق ...بولدۇ.قارىمامسىز ،ئۇكامدىن كچىك باللار چاڭىلداپ
سۆزلەيدۇ ئۇيغۇر تىلدا،،،يا خەنزۇچە بىلمىسە،يا ...ئۇيغۇرچە.كيىن نەۋرىگىز بىلەن تەرجىمان تەكلىپ قىلىپ
گەپلەشمسىگىز ........"..بولمايدىكەن. /:@ـئىمس ئە
ئائىلە تەربىيىسى ياخشى بولسىلا ،قوشتىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن تەھتىت ئەمەس دىسەڭ بەكلا
ـ2007!!خاتالىشمىز!يىلى تۈنجى قارار ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سېنىپىغا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار ئالىي
مەكتەپنى ...پۈتتۈردى.ئەمسە سىز شۇلاردىن بىر نەچچىسى بىلەن ...ئەھۋاللىشىڭ.ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا
....پىكىرلىشىڭ.شۇندىلا 9يىل ئۇيغۇر تىلدا تەربىيە ئالغان دەپ ئىشەنگەن بۇ قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالنى ھەققىي
!!چۈشىنىسىز! $.س '[' =
"""""""بېكىنمە،پىئېل دىگەن نىمە ..ئاچا؟.ئاداش "

---

[13]
بىزگە ئائىلە تەربىيىسىنى بىرۋاتقان ـئاتائانىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى قانچىلىك ؟بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزغا قانچىلىك
بىلىم بىرىپ كىلۋاتىدۇ؟بىزنىڭ مىللەت ئىچىدە قانچىلىك ئادەم ساۋاتلىق ،قانچىلىك ئادەم ئۆزىمىزنىڭ مەدىنىيتىنى
بىزلەرگە چۈشەندۈرۈپ بىرەلەيدۇ؟ ئازراق ئوقۇمۇشلۇق ئائىدە چوڭ بولغاندىن باللاردىن باشقا باللار ئائىلىدە ئائىلە
تەربىيىسى قانچىلىك بولماقچى ،بەلكىم سىز جەنۇپلارغا بارغانسىز ئۇيەردىكى بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل مىللىتىمىز پۇخرالىرى
قانچىلىق بىلىم قۇرۇلمىدا ، شۇ ئاتا ئانىلار باللارغا قانچىلىك ئائىلە تەربىيىسى بىرۋاتىدۇ؟مەكتەپلەرچۇ؟
سىزچە ئائىلە تەربىيىسدە ساقلاپ قالغىلى بولمىسا، قايسىمىز قايسى ئۇسۇلدا؟ كىم ئارقىلىق ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى
ياشلىرىمىزغا ئانا تىلىمىزنى قوغداشنى يېزىقىمىزنى ساقلاپ قىلىشقا چاقىرىمىز.
ئاددى بىر مىسال شەھەردىكى بىلىملىك بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان بالا بىلەن چەت يىراق يېزىدىكى ئاددى ساتتا دىھقان
ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىككى بالىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. باشقىنى ئەمەس ئائىلە تەربىيىسىنى سېلىشتۇرۇڭ.
بىزنىڭ ئائىلە تەربىيە ياخشى بولغان بولسا بىز مۇشۇ كۈنگە قالمايتۇق. يەنە ئەئىلە تەربىيە كىچكىدىكەن بىزنىڭ كيىن
مىللەت ،تىل، يېزىقتىن ئىغىز ئىچىش پەقەت مۇشۇ توردىلا قالدۇ خالاس.

---

[14]
شۇنداق ، بىز تارىخ بېتىدا قېپ قالغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. شۇ تارىخ بېتىدىلا قېپ قالغانلا

بولماستىن بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ بۆرجىكىمىزدىنمۇ مانا مۇشۇنداق ئاستا ـ ئاستا يۇمشاق ، يامانلارنىڭ تەسىرىدە يوقاپ كەتكىلىۋاتىمىز، بۇ دەلىبىزنىڭ ...بۇگۈنىمىز،تۈنۈگۈنىمىز. ھەقىقەت.بۇھەقىقەت ھازىر قايسى دەرىجىگە بېرىپ يېتىۋاتىدۇ؟ بىلىم ، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش يەنى ئەركىن سىدىق ئەپەندى تەكىتلەپ ئۆتكەندەك توغرا ئۇسۇلدا ئۆگىنىش ، ئۆز ئۆزىنى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق بۇ خىل نامۇۋاپىق بولغان قوش تىللىق مائارىپنىڭ يامان تەسىرىدىن ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئوخشۇشلۇق ئۆتەلىشىگە ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلىرى بولغان بىزدە ئىنتايىن زور مەسئۇلىيەت ، مەجبۇرىيەت بارلىقىنى ھېس قىلىشىمىز ....كېرەك.

---

[15]

ھەي قوش تىللىق مائارىپ ھەي قوش تىللىق مائارىپ.

سەن بىچچارە خەلقىنىڭ نادانلىشىپ نەقەدەر گاراڭ ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇرسەن. بىچچارە خەلق سېنى ئىشلىتىپ ياخشى خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئېرىششىنى ئويلاشتى، ئۇلار مۇشۇ يول ئارقىلىق تۇرمۇشنى ھازىرقىدىن تېخىمۇ ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. چۈنكى رادىئومۇ شۇنداق دەپ سۆزلەۋاتاتتى، تېلېۋىزورمۇ شۇنى سۆزلەۋاتاتتى. باشلىقلارمۇ شۇنداق دەۋاتاتتى.

ئەڭ ئادىل، ئادالەتلىك بولغان ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مائارىپمۇ ئۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناۋاتاتتى. مۇشۇنداق تۇرسا يەنە خەلقتىن ئاغرىنىمىزما؟ ئۇلارغا ھەقنى بىلدۈرمەك تولىمۇ تەس. تىل ..كېسىلىدۇ. دىل ..كىسىلىدۇ. گېزى كەلسە باشمۇ ..ھەم.

دۇنيادا بىرىگە سۆيەتلىك نەرسە، بىرىگە ئاز نەرسە قىممەتلىك بولىدۇ. بىر يېرىم ملياردلىق چوڭ دۆلەتتە خىزمەت تاپالمايۋاتقان خەنزۇلارمۇ ساماندەك تۇرسا سىز ئۇ تىلنى ئۆگەنگەنگە خىزمەت تېپىلىپ قالارما. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئالدى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر تەرەققىي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىزنى يېتەكلەپ مېڭىپ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تۇرسا ئۇلار ۋەدىسىنى ئورۇنلىماي سىزگە نۆۋەت كېلەرما؟

خەلقتە تاللاش يوق، بالىنى مەكتەپكە بەرمەي دېسە مەجبۇرى مائارىپ، بېرەي دېسە قوش تىللىق مائارىپ بوينىدىن قىسىۋاتقان. ...

ئانا تىلنى بىلمەي يات تىلغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىۋاتقان ھەر بىر كىشى مىللەتنىڭ گۆرىنى بىر كەتمەن بىر كەتمەندىن قېزىۋاتقانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتى.

---

[16]

مىللەتنىڭ ئۈمىدى ھازىرقى ئۆسمۈرلىرىمىزدە دەيمىز. ئەمماكى ... .. ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئىشلار بەك كۆپ. ھازىر رايۇنىمىزدا قول تىل ئۇقۇتقۇچىلار قوشۇننى كۆپەيتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ھەر يىلى ھەر بىر ناھىيدىن 10~5 غىچە باشلانغۇچ ،ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇقۇتقۇچىلىرى ئۇرۇمچىگە قوش تىل ئۇقۇتۇش سەۋىيىسى بۇينچە تەربىيلەشكە ئىۋەرتىلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇمچىدە پىداگوگىكا ئونۋېرسىتتى ۋە مائارىپ ئونۋېرستتىدا مەخسۇس باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ـ 1يىللىقىدىن ئاخىرقى يىللىقىغىچە بولغان خەنزۇچە دەرىلىكلەرنى ئۆگۈنۈش بىلەن بىرگە خەنزۇچە سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ. مىنىڭ ئايالىم دەل شۇ قاتاردىكى بىر ئۇقۇتقۇچى.

ئۇلارغا قوْيۇلغان تەلەپ ئىنتايىن قاتتىق. ھەركۈنى 10 سائەت ئوْقۇيدۇ. پۈتكۈل دەرسلىكلىرى خەنزۇچە، مائارىپ نازارىتى ئۇلارغا ھەر ھەپتىدە بىر قىتىم يىغىن ئېچىپ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ يەنى "ئاتالمىش قوش تىل "مائارىپىنىڭ باشلامچىلىرى ئىكەنلىكىنىنى ، يۇرتقا "نامرات ئاشۇ "سەھرالارغاقايتقاندىن كىيىن سەبىيلىرىمىزگە پۈتۈنلەي خەنزۇچە دەرس ئۆتىدىغانلىقى ، ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلىشنى ئۇنتۇپ كىتىش كىرەكلىكى، مۇشۇ ئارقىلىق مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بۇلىدىغانلىقى ھەققىدە بەك تولا يىغىن ئاچىدۇ.
قوش تىل مائارىپىنى نۆۋىتى كەلگەندە 95% يەككە تىل مائارىپى "يەنى خەنزۇ تىلى "مائارىپىدەپ ئاتاشقا تامامەن بۇلىدۇ.
بۇنى نىمە ئۈچۈن قوش تىل دەپ ئاتىۋالغانلىقىنى مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ توغرا چۈشەنمىدىم. قارىماققا بۇنى ""قوشىدىگەن ئاتالغۇ بىلەن بارلىق يىتەرسىزلىك ۋە كىيىن مىللەتكە ئېلىپ كىلىدىغان ئاپەتنى ..پەدازلاۋاتقاندەكلا.

---

[17]
ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئەپەندىم . يازمىلىرىڭىز ئارقىلىق سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمغا خېلى بولدى .
يازمىلىرىڭىز مېنى ئويلاندۇردى ھەم خىجىل قىلدى ، چۈنكى مەنمۇ مىللىتىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئانا تىلنى قوغداش بۇرچۇم بار. مېنىڭ يۇرتۇممۇ تەكلىماكاننىڭ چەت گىرۋەكلىرىدە بولۇشىغا قارىماي قوش تىل مائارىپ سىياستى بۇ يەرگىمۇ يىتىپ كەلدى . تېخى بىزنىڭ بەزى ماڭقۇرت ئەمەلدارلىرىمىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئېلىپبە ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىزىغا خەنزۇچە ئوقۇشلۇقلارنى دەسسىتىپ بىراقلا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلىمەكچى بولۇپ شوئار توۋلاپ بېقىۋاتىدۇ. ئانا تىل ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان ئوخشايدۇ. كۆپ سانلىق ـئاتا ئانىلارنىڭ پىكرىچە پەرزەنتى چوڭ بولۇپ بىر خىزمەت تېپىپ جېنىنى باقالىسىلا بولىدىكەن . تىل مەسىلىسى مۇھىم ئەمەسكەن. ئانا تىل ئارقىلىق خىزمەت تېپىش بەك تەسمىش. ...
مانا مۇشۇنداق ئوقۇملار خېلى كۆپ ساندىكى ـئاتا ئانىلارنىڭ مىڭىسىدە ھېلىمۇ ئەگىپ يۈرىۋاتىدۇ . بىز قاچاندىن باشلاپ ياشاش ئۈچۈن تاماق يىيىشتىن ، تاماق يىيىش ئۈچۈن ياشايدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق؟ بۇ مەسىلىنى داۋاملىق ئويلايدىغان بولۇپ ، قالدىم.

---

[18]
ئادەمنىڭ تېخىمۇ غەزىۋىنى قوزغايدىغىنى "قوش "تىل دىگەن نىمىنى يەسلىگىچە سۆرەپ كىرىپ ، ئانا تىلدا تېخى تولۇق تىلى چىقىپ بولالمىغان گۆدەكلەرگە خەنزۇ تىلدا ناخشا ئېيتىپ ،خەنزۇ تىلدا دەرس ئۆتۈپ ،ھەتتا سالاملىششقا قەدەر خەنزۇچە سۆزلەپ ، ئۇلارنىڭ تىللىرىنى بۇزۇۋاتقان . بالام ئەمدى ساناق ساناشنى ئۆگۈنىۋاتقان ، ساناۋېتىپ بەزى سانلارنى خەنزۇچە دەپ سالىدۇ .بۇ ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس ،ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن كۆپ تاكاللىشىپ كەتتىم ، ئۇلار يۇقۇردىن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان ، بىزدىمۇ ئامال يوق دەپ تۇرىدۇ . شۇڭا بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلار ئېيتقاندەك مىللەتنىڭ تىل سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئەمەس ، مەلۇم سىياسى مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان يوقۇتۇش!

---

[19]

هازىر »قوش «تىلئۇقۇتۇشى جەھەتتە ،كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرى كۆپ .بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ مۇشۇ ئۇقۇتۇش سەۋەبىدىن ،باللىرىمىز تەييارلىق سىنىپتىن باشلاپلا ،خەنزۇ تىلى ئۇگۇنۇشكە باشلىدى .ئۇيغۇر تىلنى باشلانغۇچ 3ـيىللىقتىن باشلاپ ئۆتىدىكەنمىز .مىنىڭچە بۇ ئالمىشىپ قالدى .ئەسلى ئۆز تىلىمىزنى ئەڭ ئاۋال ئۇگۇتۇپ ،ئاندىن 3ـيىللىقتىن باشلاپ دۆلەت تىلىنى كۆچەيتسەكمۇ كىچىكمىگەن بۇلاتتۇق .ئۆز تىلىدا ئەركىن تەپەككۇر قىلىپ تۇمۇچۇقتەك سايراپ كىتىدىغان ،ئۇماق پەرزەنتلىرىمىز ،قاناتلىرى بۇغۇچلانغان قۇشقا ئوخشاش ئۆز قەلبىدىكى ھسلارنى ئىپادە قىلالمايۋاتىدۇ .
مىنىڭچە ،مائارىپ تارماقلىرى بۇ ئىشنى ياخشىراق ئويلاپ ،كەڭ خەلق ئاممىسى رازى بولغىدەك جاۋاپنى بىرىشى كىرەك .

---

[20]

بۇ مائارىپ مۇشۇ پىتى داۋاملىشىۋەرسە،كەلگۈسىدە نىممۇ بۇپ ..كىتەرمىز.
دەسلىپىدىلا كەڭ دائىردە ئىنكار قىلىنغان بۇلسا بۇلاتتى ،ئەمدى بۇ مائارىپنى ئەمىلىيلەشتۇرۇپ .......بۇلدى.
شۇنىڭغا كۆچ چىقارغان «»توھپىكارلار ئوسكىنى بىلەن،مىللەتكە زادى قانچىلىك پايدىسى تىگەر دىگەننى،كەلگۈسىدە قانداق بۇلار دىگەننى ئويلارمۇ ...بۇلار.
ئىشقا ئۇرۇنلىششقا پايدىسى زور ....دەيدۇ.ھازىر شۇنداق ياخشى نەتىجلەر بىلەن ئوقۇش پوتتۇرگەنلەرمۇ ياخشى مۇقىم خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئوزىمىزگە كەملىگىدىن، ئۇ بۇ شىركەتلەردە ئازىغىنە مۇئاشقا ئىشلەپ ....يۇرمەمدۇ.
ئاپتونومىيە »قانۇندا ئاپتونومىيە رايۇنلىرىدىكى ئورگانلارغا ئاشۇ رايۇننىڭ ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەتلەر ئاساسلىق باشقا مىللەتلەر قوشۇمچە ئىلىنىشى ....«كىرەك.دىيلگەن .
بىراق ئەپسۇس مىڭ ئەپسۇس رايۇنىمىزدىكى مەمۇرلۇق ئىنتھامدىمۇ مىللەت چەكلىمسى بۇلغانلىقتىن بىر ئورۇننى نەچچە مىڭ ئۇيغۇرلار تالىشۋاتىدۇ،ئۇلارنىڭ بۇلسا خلى كۆپ ئۇرۇنلىرى تاللانماي بوش ....قالغان.
بىزنىڭ )يىمەكلىك ئىلمى ۋە قۇرۇلىشى (كەسپىنى ئىلىپ ئىيتساقمۇ ئۇدا نەچچە يىل بولدى ئاز سانلىق مىللەتتىن ئادەم ئالمىغلى ئالسىمۇ ئىنتايىن ئاز ........نىسبەتتە،شەكلىگىلا.بايىلىق ئەۋزەللىكى ئىقتسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشش پورستىنى كۆپەيتىش كىرەك .....دىگەنىدەك ۋەدىلەر بىرلگەن 'قانۇنلار تۇزۇلگەن ھەم )تۇزۇلۋاتىدۇمۇشۇنداق مائارىپقا (ئوخشاش
مۇشۇنداق ئەھۋالدا تورسا بۇ ماپارىپ بىزگە يەنە قانچىلىك نەپ ئىپ ~كىلەر؟!
ئىچىنمەن شۇنداق 'ئىچىنمەنسەسكىنمەن ئوزىمىز ئىچىدىكى توز كور ..،مانقۇرۇتلارغا.
ئاللا مىللىتىمىزگە ئاسايىشلىق ~!..بەرگەيسەن.

---

[21]

بىر قېتىم مەچىتتە خاتىپىمىز مۇنداق دىگەن >>نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن مانجۇلار ھازىر نەدە قالدى ، قايىسى مەتبۇئاتتا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى سۆزلىنىۋاتىدۇ ، دىمەك ئۇلار ئاست ـئاستا يۇقۇلۇشقا يۈزلەندى سەۋەپ سۈكى ئۇلاردا چىن بىر ئىتقات بۇلمىغانلىغى ئۈچۈن ، ئۇلار باشقا مىلەت بىلەن ئاسىملاتسىيە قىلىنىپ بارا بارا سانىمۇ يۇقۇلىۋاتىدۇ ، لىكىن بىز مىللەتچۇ بىز ئۆز ھالىتىمىزنى ساقلاپ كىلىۋاتىمىز ،بۇنىڭدىكى سەۋەپ بىزدە ئىمان بار بولغانلىغى ئۈچۈن ،

بىزمۇ ئىماندىن ئايرىلدىكەنمىز ،نىمىش قىلساق بولاۋېرىدىغان بولسا ،مەسىلەن باشقا دىنسىزلار بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇش بولىۋېرىدىغان بولسا ئۇچاغدا بىزمۇ ئاسانلا تۈگۈشىمىز . شۇڭا بىز ئەڭ ئاۋال ئىماندا مۇستەككەم تۇرساق مىللەت ىمىزنى ساقلاپ <<قالالايمىز، دەگەن ئىدى شۇڭا بىز ئاۋال ئىماندا چىڭ تۇرساق ئىمانى بار ئادەمنىڭ ۋىجدانى بولىدۇ ،ۋىجدانى بار ئادەم مەۋجۇتلىغىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەركەت قىلىدۇ ،.

---

[22]

خەلىق سايلاپ چىقىپ ،خەلىقنىڭ ئىرادىسگە ۋەكىللىك قىلىدىغان،ھورمەت قىلىدىغان ھەم مۇشۇنداق بىزنىڭ تىلىمىزغا پايدىلىق مائارىپ پىلانلىرىنى يولغا قويۇشقا كۆچەپ كۆنسايىن ئۇسىۋاتقان كاتتا ئەمەلدارلىرىمىز مۇشۇنداق خەلىقنىڭ ساداسىنى !!!..........ئاڭلامدىغاندۇ.؟؟؟؟!دەققەت ئېتبارىنى \!......بىرەمدىغاندۇ.؟؟؟!
ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بولىدىغىنى ئۆز مىللىتىمىز مانقۇرۇتلىششى بولسا ..............كىرەك.
شۇنداق بىچارە ھالەتكەنمىز .......بىز.ھەتتا ئۆز تەقدىرىمىزگە بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان مۇھىم ئىشلاردىمۇ ئۆز قاراش پىكىرلىرىمىزنى دادىل ئوتتۇرغا قويۇپ نارازىلىق بىلدۇرۇشتەك ئەڭ ئاددى ھوقۇقىمىزمۇ )يۇقكەنئەگەر شۇنداق قىپ قالساقمۇ بىزگە چوڭ قالپاقلار كىيلىشى تۇرغانلا ......گەپ.ئىسيانكار (............دىگەندەك. مۇشۇنداق مۇنبەرلەردىلا سۆزلەپ ..................يۇرۇپتۇق.

داۋاملىق ئاغزىمىزدىن چوشۇرمەيدىغان ،خەلىقنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەنپەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ،بىزنى ئىنتايىن توغرا يولغا باشلايدىغان ئادىل ھەققانى پارتىيە بۇنىڭغا دىققەت ئېتبارىنى بەرسە ..............بولاتتى.

---

[23]

سىدىق ئاكا نىڭ ئەجرىگە تەشەككور ئەيتىمىز. ئانا تىل بىزنىڭ بارلىغىمىز ئانا تىلىنى قوغداش بىزنىڭ مەۋجوتلىغىمىزنى ساقلاپ قىلىش قالالماسلىغىمىزغا باغلىق زور ئىش. مەن يىقىندا يىزا ئوقوتقىچىسى بىلەن كۆرشۈپ قالدىم.ئونىڭ دىيىشچە ھازىر يۇرگۈزۋاتقان قوش تىللىق موئارىپ ئەمىلىيەتتە يالغۇز تىللىق خەنزو تىلى ئىكەن .ئويغور ئىلىبە ئوقولمايدىكەن. قوش تىللىق باللا باغچىسى قوش تىللىق باشلانغوچ مەكتەپلەردە شونداق ئىكەن.قوش تىل ئۆگۈنۈش ياخشى ئىش لىكىن دەسلاپتا ئانا تىل ئۆگۈنىسە بولاتتى. بو تەتۈرسىچە بوپتو. بو بەكمو خەتەرلىك.

---

[24]

ئەركىن سىدىق ئەپەندىمنىڭ ئىسىل يازمىسىغا كۆپ رەخمەت !!!، مەن ئەتىگەندىلا بۇ ماقالىنى ئوقۇپ بەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئەركىن سىدىق ئەپەندى رەخمەت سىزگە !!!، ياشاپ كېتىڭ .!!! شەخسەن مەن ھازىر جۇڭگودا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلىۋاتقان بۇ خىلدىكى > قوش تىللىق مائارىپ < دەپ چىرايلىق ئىسىم قويۇلغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا تۈپتىن قارشى. مەن > ئەمما مەندەك بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ قارشىلىقى بۇ دۆلەتتە نىمىگەە ئۆتەتتى < مىللىتىمىزگە قارىتىلغان بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان 2 ـ قېتىملىق چوڭ بىر مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دەپ قارايمان. > بۇنىڭ قان چىقارماي جاننى ئېلىشتىن نىمە پەرقى .<

جۇڭگودىكى بىرىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولسا 1966 - يىلى باشلىنىپ 1976 - يىلى مەزكۇر > 4 كىشىلىك گۇرۇھ < نىڭ تۈگىتىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قېتىملىق ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى دۆلەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ماۋ زېدۇڭ شۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت رەئىسى ليۇ شاۋچىدىن > ليۇ شاۋچى 1959 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە جۇڭگوغا دۆلەت رەئىسى بولغان < دۆلەت رەئىسلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مەزكۇر تۆت كىشىلىك گۇرۇھ ئارقىلىق ئېلىپ بارغان، ليۇ شاۋچى ۋە ليۇ شاۋچىنى قوللىغۇچى ليۇ شاۋچى تەرەپدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ رەئىسلىك ھوقۇقىنى قولغا ئەپ بولغاندىن كېيىن تۆت كىشىلىك گۇرۇھنى يۇقۇۋېلا بېسىقتۇرۇۋېتىلگەن مەكەزدە باشلىنىپ پۈتۈن دۆلەتنى قاپلاپ كەتكەن بىر قېتىملىق ھوقۇق كۈرۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئەمما بۇ قېتىمقى قوش تىل ئوقۇتۇش مائارىپى بولسا پۈتۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان جۇڭگودىكى 2 - قېتىملىق شەكلى ئۆزگەرگەن يەنە بىر خىل مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

---

[25]

بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، بۇنىڭغا دەلىل تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالساڭلار بىر نېمە دېيەلمەي قالىمەن.

جوڭگو ئازات قىلىنغاندا شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە جوڭگودىكى جوڭگودىكى تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان جاي ئىدى. تۆمۈر يوللار ھەممە يەرگە تۇتاشقان، سانائەت يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، يېزا ئىگىلىك دەسلەپكى قەدەمدە ماشىنىلاشتۇرۇلغان ئىدى. يېزىلاردىن شەھەرگە كىرىپ زاۋۇتلاردا ئىشلەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەدەنىيەت ساپاسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدە مانجۇ مىللىتى ئاساسى ئورۇندا ئىدى. بولۇپمۇ جىلىن ئۆلكىسىدە ئاساسلىقى مانجۇ، يەنە بىر قىسىم خۇيزۇلار بار ئىدى. باشقا مىللەتلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. -50يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، )ياكى باشلىرىدا، ماڭا يىلىنى ئوچۇق (دېمىدى زوڭ زاۋۇتلاردىن خېلى كۆپى تۆۋۈقسىز بىر كۈن ئىچىدىلا تاقالدى. بۇنى سورايدىغان ئادەم ۋە ئورۇنمۇ بولمىدى. ئىشچىلار ئامالسىز يۇرتىغا قايتىشتى، دېھقانچىلىق بىلەن جان بېقىشقا تايىنىپ قالغاچقا، ئائىلىدە جان سانى تۇيۇقسىز كۆپىيىپ كەتكەچكە جان بېقىش بىردەمدىلا چوڭ بىر مەسىلىگە ئايلاندى. مەكتەپلەر تاقالدى. پۈتۈنلەي خەنزۇتىلىدا ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەرلا ئېچىلدى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ھەممىسى نوپۇسقا خەنزۇ دەپ ئېلىندى. ياق، مانجۇ، دېگۈچىلەر جازالاندى. شەرقىي شىمالدا ئوتتۇرا جوڭگودىن زور مىقداردا ئەمگەك كۈچى يۆتكەپ بېرىلدى.

بىر ئەۋلات چوڭلار ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈنكى مانجۇلار كېيىن ئازسانلىق مىللەتلەر سىياستى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن تىزىمغا مانجۇ دەپ ئېلىنغانلاردۇر. شۇڭىنىسى، كۆپ قىسمى خەنزۇغا ئايلىنىپ بولغانىدى. چۈنكى ئۇلار نوپۇستا خەنزۇ، تىلى، يېمەكى، ..مەدەنىيتى.نىڭ نېمە پەرقى بارلىقىنى بىلمەي چوڭ بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل جوڭگونى تىترەتكەن مانجۇ مىللىتى تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولدى.

بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن دوستۇم ناھايىتى ئاز ساندىكى مانجۇ تىلىنى بىلىدىغانلاردىن ...بىرى.

ئوقۇتقۇچۇم، بولسا مۇشۇ تارىختىن بىزنى تەپسىلىيرەك خەۋەردار قىلىپ قويسا رازى بولاتتۇق. ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە تىلىنى تاتلىق قىلىپ يۈرگەنلەرگە بىر ساۋاق بولۇپ قالسىكەن، دەيمەن.

---

[26]

ئاپتونوم رايون بۇ ئىشنى ئۈچ مىليون ئادەم ئىمزا قويۇپ خەت يازسىمۇ ئۆزگەرتمەيدۇ. تېخىمۇ يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنۇش ئىمكانىيىتى يوقمىدۇ؟

موڭغۇل تىلى موڭغۇل خەلقىنىڭ ئۆزلۈكىدىن خەن تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان. )پەقەت ــجوڭگودىكىئۇلار ئۆزى تەبئىي هالدا تۇرمۇشىدىن موڭغۇل تىلىنى تەبئىيلا (يوقىتىۋېتىپتۇ. موڭغۇل بايلىرى جاهان كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا نارازىلىق تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار تىلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر تالاي ئەمگەكلەرنى قىلىدۇ، مەسىلەن موڭغۇل تىلىدا بىر كىتاب يازغانغا يۈز مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ، دېگەندەك.

بۈگۈنكى كۈندە موڭغۇل تىلى ئىچكى موڭغۇلدا خەن تىلىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكەن.

بىر چاغدا مەكتىپىمىزگە ئىچكى موڭغۇلنىڭ بىر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇتەخەسسىلەر ئۆگىنىشكە كەلدى. مەكتەپ مېهمانخانىسىنىڭ ئۈستىگە موڭغۇل ۋە خەن تىلىدا سىلەرنى قارشى ئالىمىز، دەپ لوزۇنكا ئاستى. نېمىشقا پەقەت خەنچىلا يېزىلمايدۇ، دەپ هەيران قالدىم. جاۋابى شۇ بولدىكى، موڭغۇلچە يازمىسا ئۇلارغا قىلىنغان هۆرمەتسىزلىك هېسابلىنارمىش.

ئىچكى موڭغۇلدا هەتتا ئالىي مەكتەپ مائارىپىدىمۇ ئۆز تىلى ئاساس. بىز نېمىشقا بۇنچە ئالاهىدە؟

مېنىڭچە بىزمۇ قەتئىي بىرەر چارە قوللانمىساق بولمايدۇ. بىز ئۇلارغا ئوخشىمايمىز. تىلنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغان تەقدىردىمۇ بېرىپ تېپىۋالغۇدەك تاشقى موڭغۇلى بار. بۆرتالاسى بار. )موڭغۇل تىلى بۆرتالا ۋە باينغولىن ئوبلاستىدا ئىچكى موڭغۇلدىنمۇ ياخشى (ساقلانغان بىزنىڭ نېمىمىز بار؟

---

[27]

هىلى هەممۇ ئوز تىلىمىزنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى ۋە قىممىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ تۆۋەنلەپ ...كەتتى.

ئەسلىدە بۇ دەسلىپىدىلا كەڭ دائىردە ئىنكار قىلىنغان بولسا ئۈنۈمى بولاتتى، ئەمدى بۇ مائارىپنى باشلاپ ئەمىلىلەشتۇرۇپ ........بولدى.كىينكىلەر قانداقمۇ بوپ .....كىتەر.باللارغا ئاپا دەپ تىل چىقماي ماما دەپ تىل چىقىرىدىغان هالەتكە كەپ ..............قالارمىزمۇ.ئۇلارنىڭ ئومۇدىغۇ .......شۇ.

كىشى قايسى يولغا باشلىسا شۇنىڭغا ماڭدىغان هالەتكە باشچىلاپ چۈككەندەك ....قىلىمىز.

شۇنىڭغا كۆچ چىقارغان «»توهپىكارلار ئوسكىنى بىلەن،ملىلەتكە زادى قانچىلىك پايدىسى تىگەر دىگەننى،كەلگۈسدە قانداق بولار دىگەننى ئويلارمۇ ...بولار.

ئىشقا ئۇرۇنلىششقا پايدىسى زور ....دەيدۇ.هازىر شۇنداق ياخشى نەتىجلەر بىلەن ئوقۇش پوتتۇرگەنلەرمۇ ياخشى مۇقىم خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئوزىمىزگە كەملىگىدىن، ئۇ بۇ شىركەتلەردە ئازىغىنە مۇئاشقا ئىشلەپ ....يۇرمەمدۇ.

ئاپتونومىيە قانۇندا »ئاپتونومىيە رايونلىرىدىكى ئورگانلارغا ئاشۇ رايوننىڭ ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەتلەر ئاساسلىق باشقا مىللەتلەر قوشۇمچە ئىلىنىشى ......«كىرەك.دىيلگەن.

بىراق ....هازىرچۇ.؟؟؟؟؟ ئەپسۇس مىڭ ..ئەپسۇس. رايونىمىزدىكى مەمۇرلۇق ئىنتىهادىمۇ مىللەت چەكلىمسى بولغانلىقتىن بىر ئورۇننى نەچچە مىڭ ئۇيغۇرلار تالشۋاتىدۇ،ئۇلارنىڭ بولسا خلى كۆپ ئورۇنلىرى تاللانماي بوش

....قالغان.
بىزنىڭ )يىمەكلىك ئىلمى ۋە قۇرۇلۇشى (كەسپىنى ئىلىپ ئىيتساقمۇ ئۇدا نەچچە يىل بولدى ئاز سانلىق مىللەتتىن ئادەم ئالمىغلى ئالىسمۇ ئىنتايىن ئاز .......نىسبەتتە،شەكىللىگىلا.
بايلىق ئەۋزەللىكى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشش پورسىتىنى كۆپەيتىش كىرەك .....دىگەندەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەدىلەر بىرلگەن 'قانۇنلار تۈزۈلگەن ھەم )تۈزۈلۋاتىدۇمۇشۇنداق مائارىپقا (ئوخشاش مۇشۇنداق ئەھۋالدا تورسا بۇ ماپارىپ بىزگە يەنە قانچىلىك نەپ ئىپ ~كىلەر؟!

شۇنداق ئىچىنىمەن ئۆزىمىزدىكى تۈز كۆر .........،مانقۇرۇتلۇققا.
ئاللا مىللىتىمىزگە ئاسايىشلىق ~!..بەرگەيسەن.

---

[28]
قايدامۇ قىلامىز قايدامۇ قىلامىز ، مەن ئۆزەمنى دىسەممۇ بالام ھازىر خەنزۇچە مەكتەپتە ،مەكتەپكە بەرگەندە ئۇيغۇر مەكتەپتىمۇ بەرىبىر خەنزۇچە ئۆتىدىكەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تىخى سىناچ ئۈستىدە بۇنداق سىناق مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى يەنىلا بالىلار بولىدۇ دەپ ئويلاپ خەنزۇچىغىلا بەردىم ، بۇنىمۇ توغرا قىلدىم دىمەيمەن

---

[29]
گەپنى قىلماق ئاسان، ئەمما تەر تۆكۈپ ئەمەلىي ئىش قىلىش ئاسان ئەمەس. قۇرۇق ھاياجاندىن ئۇيغۇر تىلىمۇ، شۇ تىلدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان بالىلارمۇ ھېچ بىر نەپ ئالالمايدۇ. بولسا بالىلىرىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى مۇھىتى يارىتىپ بەرسەك بولاتتى. قايسى كۈنى بىر خىزمەتدىشىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ بالىسىنى ئېلىپ تاللا بازىرىغا ـنەرسەكېرەك ئالغىلى بېرىپتىكەن. ئوغلى بازاردا سېتىلىۋاتقان مىلاد بايراملىق ئارچىغا ئاسىدىغان بېزەكلەردىن ۋە مىلاد بوۋاينىڭ ھاسىسىدىن ئالغۇسى كەپتۇ. "ياق بالام -- دەپتۇ ئۇ -- بۇ چەتئەللىكلەرنىڭ دىنىي بايرىمى. بىز بۇ بايرامنى ئۆتكۈزمەيمىز. شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى ئالساڭ بولمايدۇ. بىزنىڭ نورۇز بايرىمىمىز بار، نورۇز بوۋىمىز "بار.
" ئۇنداق بولسا ئاشۇ نورۇز بوۋاينىڭكىنى ئېلىپ "بېرسەڭ غەلۋە قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ ئوغلى.
ئۇ ھەر تەرەپكە قاراپ بېقىپتۇ. ئىزدەپ بېقىپتۇ. نەدىكىنى بىزدە نورۇز بوۋاي ئۈچۈن ياسالغان بىرەر بۇيۇم بولسا كاشكى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىچىم ئېچىشتى. بالىلار ھەممىگە قىزىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىق تۇيغۇسى چۆچەكلەر دۇنياسىدىن كەلگەن مىلاد بوۋايغا تەلپۈنسە، بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەمەس. بەلكى بىزدەك بالىلىرىمىزغا ئۆز چۆچەكلەر دۇنياسىنى يارىتىپ بېرەلمىگەن ـئاتائانىلاردا. قىزىمغا كىچىكىدە قونچاق ئېلىپ بېرەتتىم. ئەمما ھەممىسىلا چەتئەللىك قونچاقلار ئىدى. ھازىرمۇ بەزىدە قاراپ باقىمەن. ئۇيغۇرنىڭ چىرايىدا بىرەر قونچاقنى كۆرۈپ باقمىدىم. بالىلىرىمىز "شىر "پادىشاھ نى "ئەقىللىق "يىشيۇ نى كۆرۈۋاتىدۇ. ئالىمجان، ئەخمەتجان، مەممەتجان لار كارتون فىلىملىرىگە باش قەھرىمان بولسا يامىنى بارمىدۇ؟ دەپ ئۇيلاپ قالىمەن بەزىدە.
تىل پەقەت مەكتەپتىلا ئۆتۈلمەيدۇ. مەكتەپكىلا بېقىنىپ قالغىنىمىز ئۈچۈن مەكتەپ شۇنداقلا ئۆزگەرسە ۋايساپ قالىمىز. قىزىم مەركىزى تېلېۋىزيە ئىستانسىسىنىڭ بالىلار پىروگراممىسىنى شۇنداق قىزىقىپ ئىشتىياق بىلەن كۆرۈپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرچە بالىلار پىروگراممىسىنى كۆر دەپ ئېچىپ بەرسەم ئازراقلا كۆرىدۇدە ، قولى يەنە تىزگىنەككە سوزۇلىدۇ.

ئاچچقىم ـ كېلدۈيۈ، يېنىدا بىللە كۆرۈپ ئولتۇرغاچقا، ئىككىسىنى ئىختىيارسىز سىلىشتۇرۇپ گەپلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇمەن.

مۇمكىن بولسا ئىشنى ئاددىراقتىن باشلىغان بولساق، بىرىمىز ئۇيغۇرچە قونچاقتىن بىرنى لايىھىلەيلى، بولسا ئاۋازلىق بولسۇن، ئاپا، دادا، سۈت ئىممەن، قورسۇقۇم ئاچتى دېگەنلەرنى ئۇيغۇرچە دېسۇن. ئۇبدانراق كۆچسەكلا باللىرىمىز ئامراق بولۇپمۇ قالار! بولسا ناخشا ئېيتىدىغان، چۆچەك ئېيتالايدىغانلىرى بولسا ئىمدىگەن ياخشى ـ ئىدىھە. ئەگەر كىم ئىشلەپ يۇتتۇرسە ئۆزەم 10 نى ئالغان بولاتتىم.

يەنە بىرىمىز كارتون ئىشلەپ باقايلى. باللار قىزىققىدەك بولسۇندە، "ئەقىللىق "يىشيۇ دەك چىقمىسىمۇ، ئۇيغۇر بالىدىن بىر ى ئېكراندا ئۇنى، بۇنى قىلىپ يۇرسە باللىرىمىزمۇ كۆنۈپ قالاتتى ئەمەسمۇ!

ھازىرچە ئېسىمگە كەلگىننى مۇشۇنچىلىك يازدىم. قالغانلارمۇ ئىزدىنىپ باقايلى. ئالىملىرىمىز تەتقىق قىلسۇن، ئىلمىي نەزىرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويسۇن، ئەمەلدارلىرىمىز قانۇن ۋە نىزاملىرىمىزغا ئاساسەن بەزى نامۇۋاپىق ئىشلارنى ئۆزگەرتسۇن، قالغانلىرىمىزمۇ قۇرۇق شۇئارنى توۋلاۋەرمەي ئازراق مەنپەئەتلىك ئىشلارنى "قىلايلى.سۇ كەلگىچە توغان "تۇت دەپتىكەن، ئاۋۋال باللىرىمىزغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ئۇيغۇر تىلى مۇھىتى يارىتىپ بېرەيلى. ئۆزىمىز يېتىشەلمىسەك، ئورخۇن تۇرۇپتۇ، قالغان مۇنبەرلەرمۇ تۇرۇپتۇ. ھەمكارلىششقا ھەممىمىز تەييار. ئەقلى بارلار پىلان تۈزسۇن، قولىدىن كەلگەنلەر ئىشلىسۇن، پۇلى بارلار شارائىت يارىتىپ بەرسۇن. قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمىسە، ۋاقتى كەلگەندە بىرەردىن بولسىمۇ ئېلىپ قوللاپ قويايلى.

---------------------------------------------------------------------------------------------------

[30]

ھۆرمەتلىك كۆكنۇر،خېلى ئەھمىيەتلىك نۇقتىلارنى شەرھلەپسىز.سىزگە كۆپ رەھمەت! بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر قانچە يولى بولۇشى مۇمكىن.سىز دىگەن تەرەپلەر دەل شۇنىڭ بىرى.لېكىن ئۇ مەسىلىنى ـ ئۈزۈلكېسىل ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەمەس.بۇ مەسىلىنى ـ ئۈزۈلكېسىل ھەل قىلىشتىكى زۆرۈرىيەت نېمە؟دەل ئۇنىڭ خاتا بولغانلىقى ۋە باللىرىمىزغا ئالاقاچان چوڭ زىيانلارنى سېلىپ بولغانلىقى،دەرھال تەدبىر قوللىنىپ توختىتىلمىسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زىيانلارنى ئەكىلىدىغانلىقىدا!بۇ خاتا سىياسەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتىسى،كېلىچېكى،ئۇمىدى بولغان سەبى باللىرىمىزنىڭ ئەقلى،روھى ۋە جىسمانى تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ پەيدا قىلىدىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك پاكىت !بۇ بىزنىڭ ئېغىزىمىزدىكىلا سۆز ئەمەس خەلقئارا نوپۇزغا ئىگە ئالىملارنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىلمى تەتقىقاتى ئاساسىدىكى يەكۈنى.بىز بۇ زىيانلارنى سىز دىگەندەك ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەرگىزمۇ تولدۇرالمايمىز. ئەگەر بىزگە مۇشۇ سىياسەتنى يولغا قويغانلار ئىچىدە يۇقارقى يەكۈننى ئاغدۇرالايدىغان شۇنداق خەلقئارا نوپۇزغا ئىگە ئالىملار ۋە تەتقىقاتى بولسا ئوتتۇرىغا چىقسۇن! بولمىسا يۇقارقى يەكۈنلەرنى ئېتىراپ قىلىپ خاتالىقنى تۈزەتسۇن.جاھىللىق ۋە يولسىزلىق بىلەن قۇلاق يوپۇرۇپ تورۇۋالسا ،ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇنى مەقسەدلىك مىللى ئاسمىلياتسىيە دەپ چۈشەنمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق. ئەمەلىيەتتە بىر قوۋم ياكى خەلققە ئەڭ چوڭ زىيان سىياسى تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائى مۇھىتتىن كېلىدۇ.چۈنكى بۇ قاتتىق مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولۇپ،خەلقنىڭ تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ.خاتا ھالدا يولغا قويۇلغان سىياسى قارارلارنى تۈزىتىش،ئۆزگەرتىش تامامەن مۇمكىن. بۇ يەردە ئېنىق،ستراتېگىيىلىك سىياسى زىيانكەشلىك پىلانى،رەزىل نىيەت بولمىغىنىدا، ئىشقا ئېششى تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ.ھەتتا شۇنداق سىياسى زىيانكەشلىك پىلانى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزگەرتىش،تۈزىتىش چوقۇم مۇمكىن ھەم بۇ

قەتئى زۆرۈردۇر! ئەمدىكى مەسلە،هازىرقى قوش تىللىق مائارىپنى تۈزىتىشنىڭ بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى ۋە قەتئىي تەلىپىگە ـئايلىنىشئايلىنالماسلىقىدا. هەممىمىز جان قايغۇسىغا قالماي ۋە بۇ تارىخى ۋە سىياسى زىيانلارنىڭ ئۆزىمىز بىلەن ئالاقىسى سۈكۈتتە تۇرۇۋالماي بۇنى بىر زور جامائەت پىكرىگە ئايلاندۇرۇشىمىز ۋە بەزى زۆرۈر هەرىكەتلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك. خۇددى ئەركىن سىدىق ئاكىمىز ئېيتقىنىدەك،ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئېتىراپ قىلغان روهى ئويغاق هەربىر ئۇيغۇر يۈرىكىمىزنى بىر سىيلاپ باقايلى !

--------------------------------------------------------------------------------

[31]

بولدى قايىنماي تولا قايناپ ،تولا قايناپ !!!.......... هىلى لاتىنچىغا ئۆزگەرتىپ، هىلى كونايىزىق دەپ قويۇپ هازىرقى يىزىقىمىزغا ئۆزگەرتىپ، ئەمدى خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىپ، بىركۈنلىرى يەنە ئۆزىنىڭ تىلىنى ئۈگەنگىنى ياخشىكەن دەپ ئەسلىگە ئەكەپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلىدىكى 5ـ4جان ـبىربىرىنىڭ خىتىنى تونىمايدىغان كۈلكىلىك سەۋىيەگە ئىگە بوپ قالىمىز ..هەي ئانا تىل ..هەي ئانا يىزىقىمىز هەر جەهەتتىن، گىراماتىكىسى جەهەتتىنمۇ بىر بويۇن قىسىنچىلىقىڭ يوق بىر تىل ئىدىڭ، ئەمدى بويۇن قىسىپ قالدىڭ !!!!!!!!هەي!

--------------------------------------------------------------------------------

[32]

مەن راستىنى ئېيتسام بۇنداق ئۇزۇن ئېملارنى ئوقۇمايلا ئۆتكۈزىۋەتتىم، هەقنى سۆزلەپتۇ . تورداشلارنىڭ )كېلىش (مەنبە دىن تەپسىلىي بىر ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن . ئەگەر سىز بىر ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز تېخىمۇ هەم شۇنداق!

تۈپتىن ئېيتقاندا >> قوش <<تىل مائارىپنى توغرا يولغا قويغاندا پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ ، لېكىن ئۇنىمۇ توغرا ئىشلىتىش كېرەكتە!

بىر دوستۇمنىڭ ئايالى مەلۇم يېزا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئاتاقلىق )قوش (تىل يولغا قويۇلۇپ ، يوقىرىدىن شۇ مەكتەپكە تەكشۈرۈشكە ئادەم كېلىپ ، تەنتەربىيە دەرىسىدىن ئوچۇق دەرس ئاڭلاپتۇ . دەرس باشلىنىپتۇ . ئوقۇتقۇچى ئوقوغۇچىلارنى رەتلەش ئۈچۈن ئۇيغۇرچە، )ئوڭغا قاراپ (توغۇرلان دەپ كوماندا بىرىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان بىر باشلىق ئۇ ئوقوتقۇچىنى نىمىشقا خەنزۇچە كوماندا چۈشۈرمەيسەن دەپ ئالاهىدە تەنقىتلەپتۇ . ئاڭلاپ شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى،

هازىر بۇ قوش تىلنىڭ شەكلى بەك ()رەڭدارلىشىپ كەتتىمۇ قانداق؟ مۇشۇنداقلا

قاقشاپ ئۆتىمىزمۇ؟ بىرەر خەلىق ۋەكىلى قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويسا بوپتىكەن

--------------------------------------------------------------------------------

[33]

مەنمۇ ئانا تىلىمىزدا خىزمەت قىلىمەن . ئانا تىلدا سۆزلەشنىڭ راهىتىنى هەر دائىم هېس قىلىپ تۇرىمەن. بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئانا تىلىمىزدىكى يىغىنلارغا ئىشتىراك قىلغىنىمدا ، ئۆز يېزىقىمىزدىكى هۆججەتلەرنى كۆرۈپ قالغىنىمدا شۇنچىلىك خۇشھال بولۇپ كېتىمەن . ئەمما مەن يەنىلا چارتاگ ئەپەندىنىڭ پىكرىگە هۆرمەت قىلىمەن . ئويلاپ باقايلى ، >قوش <تىلمائارىپى يولغا قويۇلماستا نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ ، بالىلىرىنى تۇشمۇ تۇشتىن خەنزۇ مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا بەردى .

ئىلگىرى مېنىڭ بىر تونۇشۇم ماڭا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى خەنزۇ تىلى ئۆگەنسۇن دەپ ، خەنزۇ سىنىپىغا ئوقۇشقا بەرگەنلىكىنى ، بىراق ئۇ سىنىپتىكى 50% پىرسەنتكە يېقىن ئوقۇغۇچى ئۇيغۇر بولغاچقا ، ئۇيغۇر باللار بىللە ئويناپ ، بالىسىنىڭ تەييارلىق سىنىپتا خەنزۇچىنى ياخشى ئۆگەنمەي ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى . دەرۋەقە نۇرغۇن خەنزۇچىدا ئوقۇغان باللار تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن باشلاپلا دەرس ئۆزلەشتۈرۈشتە هەر قانچە قىلىپمۇ خەنزۇ باللارغا يېتىشەلمەي ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىدا شاللىنىپ قالدى . ئەڭ يامىنى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئانا تىلنى ياخشى بىلمەي ، يا غاز يا ئۆردەك بولالماي ئوتتۇرىدا قالدى.
ئەمدى هازىرقى >قوش <تىل مائارىپىغا كەلسەك ، مېنىڭچە >هۆكۈمەتنىڭ هەم ئانا تىلغا هە خەنزۇ تىلغا پىششىق ئاز سانلىق مىللەت ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش < دېگەن شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، >قوش <تىل مائارىپىنى يولغا قويۇشى توغرا . نۇرغۇن باللار مۇشۇ پۇرسەت ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى مەجبورى يات تىل مۇهىتىدا ئوقۇشقا مەجبورلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالدى . ) خەنزۇچىدا ئوقۇغانلارنىڭ مىجەزىمۇ شۇلارغا مايىل بولۇپ كېتىدىكەن .( مېنىڭچە نۆۋەتتىكى مەسىلە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى بىلەن >قوش تىل <مائارىپى نىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بەك چوڭلۇقىدا . ئويلاپ باقايلى : هازىر قوش تىل سىنىپلىرىدا ماتېماتېكا خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلىدۇ . ئادەتتە ماتېماتېكا دەرسىنى ئۆزلەشتۈرۈشتە ماتېماتېكا ئوقۇتقۇچىلىرى ئانا تىلىمىزدا دەرس ئۆتكەندىمۇ خېلى كۈچەيدۇ. شۇ ئوقۇتقۇچىلارنى بىر ئىككى يىل تەربىيلەپ قويۇپلا ، ئەمدى مۇشۇ دەرسنى خەنزۇ تىلىدا ئۆت دېسە ، ئوقۇتقۇچىلار ئەلۋەتتە قىينىلىدۇ . شۇڭا هازىر تىلىمىزنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە قارىغاندا مۇشۇ 5 ـ 10 يىل ئىچىدىكى باللارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن بەكرەك ئەنسىرىسەك توغرا بولىدۇ. خاتىرجەم بولايلى ، تىلىمىز يوقىلىپ كەتمەيدۇ . چۈنكى >قوش <تىلسىنىپلىرىغا بىزنىڭ هازىرقى >ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز <بولىۋاتقان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىمىز يەنىلا دەرس بېرىۋاتىدۇ. ئىشىنىمەنكى ، مىللەت سۆيەر غورۇرلۇق ، مەسئۇلىيەتچان كىشىلىرىمىزلا بولىدىكەن ، بىزنىڭ ئەدەبىيات دەرسىمىز هەرگىزمۇ >ئەڭ ئاخىرقى <دەرسبولۇپ قالمايدۇ .

---

[34]
بۇ تېمىنى كۆرۈپ مەن سەل دەڭسەپ قالدىم. چۈنكى بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا قوش تىل دېگەن ئۇقۇمغا تېخى ئېنىق ئۇقۇم شەكىللەنمىگەن چېغى. مەن ئاساسىي قاتلاملارنى چۆشۈنۈمەن، يۇقۇرىنى دېمەي قوياي، يېزىلاردا مىللىي يېزىق دېگەنمۇ ئاز قالدى. تېخى خەنزۇچە بىلسە ساۋىيىسى بار دەيدىغان ئاڭ ئاساسەن ئومۇلىشىپ قالدى. ئۆز تىلىمىزدا قانچىلىك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قامۇس يېزىلىڭ بۇنى بەك تىلغا ئېپ كەتمەيدۇ. دېمەك قوش تىل ماهىيەت جەهەتتىن خەنزۇچىغا بوي سۇندۇرۇش ئاساسىدا خالىسا ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق سىياستى. چۈنكى دۆلتىمىز مىقياسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل يېزىقى تەرەققىياتقا بەك پۇتلا كاشاڭ بوپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ تەڭ ئارقىدا قېلىۋاتىمىز. هۆكىمەت خەنزۇچىنى بىلىپ قوي بىلگەندىمۇ ئوبدان بىل دەۋاتىدۇ. لېكىن ئۆز يېزىقىڭلارنى تاشلاڭلار دېگەن گەپ قىلمىدى. هەم بىزنى چەكلىمىدى. ئۆز تىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىشى. يېزىقىمىزنى يا خەنزۇلار ياكى موڭغۇللار ياكى زاڭزۇلار ياكى دۆلەت هالقىپ ئامىركىلىقلار تەرەققىي قىلدۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئۇگەن دېگەندىكىن خەنزۇچىنى راسا ئۇگۈنسەك هەم ئۆز تىلىمىزنى تېخىمۇ پىشىق ئىگىلىسەك نەرى بولمايدۇ. ئاغرىنغانلارنىڭ كۆپ قىسمى دەل سەۋىيەدە يېتىشەلمەيۋاتقان كىشىلەر. ئۇلار يا ئۆزىنىڭ تىلىدا ۋايىغا چىقالمايدۇ يا دۆلەت تىلىدا بىر ياققا چىقالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىنى بىرسى ئەسكى يۆگەكتە يۆگەپ قويۇپتىكەنمۇ

بىرسى. تىرىشىش ، ئىلگىرلەش ئۆزىمىزگە باغلىق. ئۆز تىلىمىزنى پىشىق بىلمەسلىكنىڭ دەردىنى ئاز دەپ ئېملادىكى خاتالىق دەھشەت. بولدى بۇنى دېمەيلا قوياي. نىمىشكە شۇنى بوسىمۇ تىرىشىپ ئۆزگەرتمەيدۇ.ئادەم دېگەنگە ئەتىگەندە تۇرۇپ تاماق يەپ، ياسىنىپ، چۈشتە تاماق يەپ، كوچا چۆگىلەپ، كەچ بولغاندا تاماق يەپ، ئارقىدىن تېلىۋىزۇر كۆرۈپ ياكى ئەزىمەس زىياپەت ، ئولتۇرۇش بىلەن كۈننى كەچ قىلغان ھېساپ ئەمەس. ياكى بىر كۈندە بىرەر سائەت ئۇ بۇ ماتىريال كۆرۈپ كويۇپ سىرىتتا قالتىس بىلىملىك بوپ ھەممىگە قوشۇق سېلىپ يۈرۈش كۈپايە قىلمايدۇ. نىمىشكە تىرىشمايمىز. خىزمەت قىلىلىڭ دېسە نۇرغۇن ) تۆۋەنلىرىنى دېمەيلا (قوياي باكلاۋۇرلىرىمىز نىمىشكە تۈزۈك بىلىمى يوك. تېخى ئەڭ پوچىسى يەنە شۇلار. يېزىڭ دىسە بىر ۋاراق ماتىرىيالنىمۇ تۈزۈك قاملاشتۇرۇپ يازالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىللىي كادىرلارنىڭ يۈزى چۈشۈۋاتقان. يولداشلار ئويلاپ قويايلى، خەنزۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزدا گەپ قىلمىغان بىلەن ئۆز ئىچىدە بىزنى خېلى تەھلىل قىلىدۇ. مىللى ئالمايمىز دىسە يۈگۈرەپ قويۇپ مىللەتكە تاقايسىز. مەندە زادى قانچىلىق ئۇماچ بار دېگەننى ئويلاپ باقتۇقمۇ؟ بىز قاچانغىچە ئېتىبارغا ، سەدىقىگە تايىنىپ ياشايمىز. بىزنى كۆزگە ئىلسۇن دېسەك ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشۈشىمىز كېرەك. شۇ چاغدا ئۇلار بىزدىن ئەيمىنىدۇ. ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دەل مۇشۇنداق ئەرباپلىرىمىز چىقىۋاتامدۇ. بۇ ياخشى يۈزلىنىش. تىرىشايلى، ئۇگەنگە ، تىرىشقانغا ھېچنىمە بوپ قالمايمىز. پەقەت ئۇلار ئويناۋاتقاندا ، ئۇخلاۋاتقاندا ئازغىنە ۋاقتىنى سەرىپ قىلىپ تىرىشسىساق چوقۇم ھاسلات كۆرىمىز. قوش تىللىقنى توغرا چۈشۈنىش كېرەك. ھۆكىمەت ئاز دېگەندە ئىككى تىللىق بول دەۋاتىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ ئومومىي ۋەزىيەت ئېھتىياجى. بولسا 34، ھەتتا ئۇندىن جىق تىللىق بولساق بولىۋېرىدۇ . بۇنى ھۆكىمەت قەتئى توسمايدۇ. باللارغا بولغان قوش تىللىق تەربىيەنى توغرا ئېپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ تەربىيەلەشكە باغلىق، باللارنى ھەم خەنزۇچىدە، ھەم ئانا تىلدا پىششىق يېتىشتۇرىشىمىز كېرەك. تارىخىمىزنى ئۇگۈتۈشىمىز كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بۇرچىمىز. بەزى يولداشلار خاپا بولماڭلار. توغرا چۈشەنسەڭلار. بىزمۇ خەنزۇ مەدەنىيتىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. نىمىشكە خەنزۇ يېزىقىنى پىشىق ئىگىللەپ ئۆز ئانا تىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرمايمىز.مۇشۇنداق بوسا بىزنوچى بولىمىز. بۇنى دۆلەتمۇ توسۇپ بولالمايدۇ. خەلق ئارادا تىلىمىزنى تېخىمۇ جۇللالاندۇرساق ياخشى بولاتتى. ئۆز ئانا تىلىدىن قېپىش، تېنىش، باشقا مىللەت تىلىغا بېشىچىلاپ ئىتائەت قىلىش، ئۆز مىللەتتىن جورا تاپماي باشقا مىللەتتىن ھەمرا ئىزدەش ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھەممىسى قېيداش خالاس . بۇنداقلار دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ. بۇنى توغتا چۈشۈنەيلى. بۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىشكەلمەيدۇ خالاس. ئۇلار دېگەن دۇنيا كومۇنىزىمنى ، يۈكسەك ئاسىملاتسيەنى ياقلاپ ماڭغان ئالدىن ماڭغاچ تۇرغانلار خالاس. لېكىن ئۇلار بەك يىتىم قالىدۇ. ئۇلار دېگەن ئەل ئىچىدە بىر كۆزۈڭنى قىسىپ يۈر دېگەننى بىلمەيدىغان بىچارىلەر. يولداشلار جەمئىيەت دېگەن شۇنداق ئاستا ئاستا تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنداق بىر ئوچۇملارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

---

[35]

قايسى قوشتىللىقكەن،قايسى بىر تىلنى كۆپ ئۆگۈنىۋالىسىز؟

قوش تىل بولسا چوقۇم دەرسلەرنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى بىر لەشتۇرگەن ئاساستا ئۆتۈشى كېرەك ئىدىغۇ. ھازىر دەرسلىكتىن ئۇيغۇر تىلى دىگەن دەرسلىك چىقىرىۋېتىلدى.ئەدەبىيات كىتاب كىچىكلەپ كەتتى.تەبئىي پەن پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلدا ئۆتۈلىدىغان بولدى.ئويلاپ !!بېقىڭ!ئادەتتە ئۇيغۇر تىلدا ئۆتۈلگەن تەبئىي پەن دەرسىنى ئوقۇغۇچىلار 80%ئەتراپىدا ئۆزلەشتۇردى دېسەك.خەنزۇ تىلدا قانچىلىك ئۆزلەشتۇرەر؟

ئەلۋەتتە بىر تىلنى كۆپ بىلسەك ئۆزىمىزگە پايدىسى كۆپ.بۇلۇپمۇ جۇڭگودا تۇرۇپ خەنزۇ تىلنى ئۆگۈنۈش بەك زۆرۈر.لىكىن باشقا بىر تىلنى ياخشى ئۆگۈنۈشتىن بۇرۇن چۇقۇم ئانا تىلغا پىششىق بۇلۇش كېرەك.ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى ئۆتۈلمىگەن ئەھۋالدا ئانا تىلنى قانداق پىششىق ئۆگەنگىلى بولسۇن.ھازىرغۇ ئۈچىنچى يىللىقتا چىقمۇغىچە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئۆگەنمەيدىكەن،ئەگەر كىيىن دەرس ئىسلاھاتى يەنە ئۆزگۈرۈپ ئۇيغۇر تىلدا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلغا ئۆزگۈرۈپ كەتسىچۇ.ئۇۋاقىتتىمۇ سىز يەنە بىر تىلنى ئارتۇق ئۆگۈنىۋالغان ھېسابلىنامسىز؟؟؟؟؟
بۇ ئىش توغرۇلۇق مەن ئۇيغۇر دەيدىغان غورورى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى ئويلىنىشى !!!!كېرەك!
راست !!!!!!!!مۇشۇنداق ماڭغاندا يېرىم ئەسىر باللىرىمىز ھېچنىمنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئەڭ بىچارە ،ھېچنىمگەتەۋە ئەمەس لايغەزەل ئادەم بۇلۇپ يىتىشىپ ...............چىقىدۇ.
ئاناتىل ئۇمىنىڭ غورور ۋىجدانىم،
ئۇنسىلەن بۇلىدۇ ۋۇجۇتتا جانىم.

---

[36]
ئەسلى بۇرۇن ياخشى ئىدى.باشلانغۇچ ـ3 يىللىقتا چىققاندا ئۇگۇتىلەتتى.ھازىر بىر قىسىم رەھبەرلەر مىلۇنلىغان سەبى باللارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئۆزىنىڭ ئوسۇشتىكى پەشتىقى قىلىۋالدى.ئەركىن سىدىق ئەپەندى دىگەندەك ئالدى بىلەن تەتقىق قىلىپ بېقىش كىرەك ئىدى.پەقەت ئىككى ئۈچ يىل تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ،خەنزۇ سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر باللارنىڭ خەنزۇچىنى چۇڭقۇلداپ سوزلىگىنىگە قاراپلا يولغا قويىۋەتتى. بىزگە قانچىلىك زىيىنى بولىدىغانلىغىنى پەقەت 20يىلدىن كېيىن خەنزۇچە سوزلىيەلەيدىغان نۇرغۇنلىغان قارا ئىشلەمچىلەر مەيدانغا كەلگەندە ئاندىن بىلىپ يىتىمىز.

---

[37]
بىزنىڭ مەكتەپتە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى،، بىز زامانلاردە ھەدەپ تەشۋىق قىلغان ئىدۇق ئۇقۇتقۇچىلارنىمۇ ئۇقۇتۇپ كېلىپ دېگەندەك ، شۇ ئۇقۇتقۇچىلار ھازىر مائارىپتىن چىقىپ كېتىپ باشقا ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، لېكىن باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئاساسەن ـئاتا ئانىلار باللىرىنى خەنزۇ مەكتەپكىلا بېرىۋاتىدۇ، قوش تىللىق ئۇقۇتۇشى باشلانغۇچتا بولمىسا ئۇمۇملىشىپ ماڭغان، ئەمما ـئاتا ئانىلار ئىلگىرلەش بولمايدىكەن ياكى ئۇنى ياكى بۇنى بىلىپ ماڭمايدىكەن ، ئۇنىڭدىن خەنزۇچىغىلا بەرسەك بولغۇدەك دەپ، باللىرىنى قايتىدىن چىقىرىۋىلىپ خەنزۇ سىنىپلارغا بېرىۋاتىدۇ، ناھىيىمىزنىڭ مىللى ئۇقۇتۇشى يەنە بىر نەچچە يىلدىن كيىن قانداقراق بۇلاركىن ئەمدى؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟

---